
سەبىيلەرگە سوۋغا



27

# ئوغرى بىلەن سودىگەر



شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى

# مۇندەرىجە

ئوغرى بىلەن سودىگەر ........................................ 1
ماھىر ئوۋچى ...................................................... 8
ئەقىللىق ئوغلاق ............................................ 16

# ئوغرى بىلەن سودىگەر

بۇرۇن بىر شەھەردە تولىمۇ باي، چىچەن بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن. ئۇ تەر تۆكۈپ ئىشلەپ، دۇرۇس يول بىلەن نۇرغۇن مال - مۈلۈك توپلاپتۇ. ئۇنىڭ شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى كاتتا بىر داچىسى بار ئىكەن.

ئۇ تولىمۇ مېھرىبان، ساخاۋەتلىك كىشى بولغاچقا، پېقىر - مىسكىنلەرگە،






يېتىم - يېسىرلارغا خەير - ئېھسان قىلىپ تۇرىدىكەن ۋە مال - مۈلكىنى ياخشى ئىشلارغا سەرپ قىلىدىكەن.

بۇ شەھەردە بىر توپ ئوغرى - قاراقچىلار بولۇپ، شەھەردە ئۇلار ئوغرىلىققا كىرمىگەن ئۆي قالمىغانىكەن. ئۇلار كىرگەنلا ئۆيدىكى نەرسە - كېرەكلەرنى ئوغرىلاپ ئۆينى قۇپقۇرۇپ قىلىۋېتىدىكەن ھەتتا بىرەر باغقا كىرىپ قالسىمۇ مېۋىلەرنى قويماي ئۈزۈپ قاچىدىكەن.

بۇ قاراقچىلارنىڭ كاتتىۋېشى تولىمۇ تەدبىرلىك، سەزگۈر بولغاچقا، ئۇلار بىرەر قېتىممۇ ياساۋۇللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماپتۇ. سودىگەرنىڭ داچىسىنىڭ تاملىرى ئېگىز، مۇستەھكەم بولغاچقا، ئىلگىرى بىرقانچە ئوغرى نىيىتىنى بۇزغان بولسىمۇ،





لېكىن ئوغرىلىققا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىغانىكەن.

بۇ قاراقچىلارنىڭ كاتتىۋېشى تولىمۇ مەنمەنچى، ئۆزىنى جاھاندا بىر ھېسابلايدىغان كىشى بولغاچقا، ئەزالىرىنىڭ: «سودىگەرنىڭ قورۇسىدا نۇرغۇن قىممەت باھالىق مال ـ مۈلۈك ۋە تەڭگە ـ تىللالار بولسىمۇ، ئۇ ماللارنى ئوغرىلاشقا پېتىنالمايۋاتىمىز» دېگەن سۆزى ئۇنىڭغا قاتتىق ئېغىر كېلىپ، كۆڭلىدە سودىگەرنىڭ قورۇسىغا چوقۇم ئوغرىلىققا كىرىشنى قارار قىپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، قاراقچىلار كاتتىۋېشى ئەزالىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، ئايدىڭ بىر كېچىدە سودىگەرنىڭ ھويلىسىغا ئوغرىلىققا كىرىدىغانلىقى توغرىسىدا يوليورۇق بېرىپ، ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە لايىق ۋەزىپە بەلگىلەپتۇ ھەمدە ئۆزى ئاۋۋال تامغا يامىشىپ ئۆگزە ئارقىلىق سودىگەرنىڭ ھويلىسىغا كىرىدىغان، باشقىلار قورۇ ئەتراپىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرىدىغان، ئۇ خەزىنە ئورنىنى تاپقاندىن كېيىن مال ـ مۈلۈكنى تام سىرتىغا ئۇزىتىپ بېرىدىغان، ئۇلار بىرلىكتە ئىشنى تولۇق تاماملاپ، تىنچ ـ ئامان يولغا راۋان بولىدىغان بولۇپ كېلىشىۋاپتۇ.

قاراقچىلار كاتتىۋېشى مەلۇم بىر كېچىدە سودىگەرنىڭ قەسرىگە ئوغرىلىققا كىرىپتۇ. ئۇ ۋاقىتتا سودىگەر ئۇيقۇغا غەرق بولغانىكەن. بەختىگە سودىگەرنىڭ ئايالى قاراقچى كاتتىۋېشىنىڭ ئۆگزىدىكى ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلاپ، بىر شۇملۇقنى سەزگەندەك بوپتۇ ـ دە، چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېرىگە پىچىرلاپ: «ئۆيگە ئوغرى كىرگەندەك قىلىدۇ، ئۆگزىدە تىۋىش ئاڭلىنىۋاتىدۇ» دەپتۇ.

سودىگەر ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئىشنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىپ ئايالغا مۇنداق دەپتۇ: «مەن ھازىر ئورنۇمدىن تۇرۇپ، سىزگە يۇقىرى ئاۋازدا سۆز قىلىمەن. شۇ ۋاقىتتا سىز مەندىن ‹ئەي ئېرىم، سىز بۇ بايلىقلارغا قانداق ئېرىشكەنىدىڭىز؟› دەپ سوراڭ. «مەن سوئالىڭىزغا جاۋاب بەرمەي تۇرۇۋالىمەن، سىز مېنى جاۋاب بېرىشكە قىستايسىز» دەپتۇ.

پىلان بويىچە سودىگەر تۇيۇقسىز ئۇيقۇسىدىن تۇرغان قىياپەتتە ئايالى بىلەن تولىمۇ ئۇزۇن پاراڭلىشىپتۇ. قاراقچى كاتتىۋېشى ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بىرئاز جىمىپ پاراڭغا قۇلاق سېلىپتۇ ۋە مال - مۈلۈكلەرنى ئوغرىلاپ چىقىش ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئۇيقۇغا كېتىشىنى كۈتۈپتۇ.

ئايال تۇيۇقسىز مۇنداق دەپتۇ: «ئەي سۆيۈملۈك ئېرىم، دوستلىرىم دائىم مەندىن ‹ئېرىڭ بۇنچە كۆپ مال - دۇنياغا قانداق ئېرىشكەن بولغىيتتى؟› دەپ سورىشىدۇ. سىز بۇ ماللارغا زادى قانداق ئېرىشكەن؟»



بۇ سۆزنى ئاڭلىغان سودىگەر غەزەپلەنگەن قىياپەتتە ئايالنى بۇ تۇغرۇلۇق گەپ سوراشتىن توسۇپ: «ھەي خوتۇن، ئاغزىڭنى يۇمۇۋال. مەندىن زۆرۈر بولمىغان سوئاللارنى سورىماڭ» دەپ ۋاقىراپتۇ.

ئايال ئېرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي، يەنە سوراشقا باشلاپتۇ: «ئەي سۆيۈملۈك ئېرىم، بۇ توغرۇلۇق گەپ سوراش مەن ئۈچۈن ھەقىقەتەن زۆرۈر؟ قانداق ئايال ئېرىنىڭ ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ؟» دەپتۇ.

سودىگەر كۆپ سۆزلەشنى ياقتۇرمىغاندەك، ئايالىغا ئۇنلۇك ئاۋازدا: «بولدى، سۆزىڭىزنى توختىتىپ ئۇخلاڭ! سىز ئۈچۈن شۇ پايدىلىق» دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئايال غەزەپلەنگەن قىياپەتتە: «سىز سورىغان سوئالىمغا جاۋاب بەرمىگۈچە ھەرگىز بولدى قىلمايمەن، بولمىسا سىزنى تاشلاپ ئاتا ـ ئانامنىڭ ئۆيىگە كېتىپ قالىمەن» دەپ ۋارقىراپتۇ.

«ئۇنداقتا مەن سىزگە بۇ بايلىققا قانداق ئېرىشكەنلىكىمنى سۆزلەپ بەرمىسەم بولمىغۇدەك، لېكىن، سىز ماڭا بۇ سۆزنى ھېچكىمگە ئېيتماسلىق توغرىسىدا ۋەدە بېرىڭ!» دەپتۇ سودىگەر پەرىشانلىق ئىچىدە.

«بولىدۇ، سىزگە ۋەدە بېرەي» دەپتۇ ئايال خۇرسەنلىك بىلەن.

سودىگەر مۇنداق دەپتۇ: «مەن ئەسلىدە ئوغرى ئىدىم.»

«نېمە؟ سىز ئىلگىرى ئوغرىلىق قىلغانمىدىڭىز؟» دەپتۇ ئايالى چۆچۈگەن ھالدا.

سودىگەر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «توغرا، مەن ئىلگىرى ئوغرى ئىدىم، لېكىن

ئوغرىلىق قىلىپ كۆپ مال - دۇنياغا ئېرىشكەندىن كېيىن، ئۇ ئىشتىن قول ئۈزۈپ سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندىم. ئاللا تىجارىتىمگە بەرىكەت ئاتا قىلىپ مال - مۈلكىم ھەسسىلەپ كۆپەيدى. شۇنىڭ بىلەن ئوغرىلىغان ماللارنى ئۆز ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەردىم» دەپتۇ.

«سىز كۆپ قېتىم ئوغرىلىق قىلغان ئىكەنسىز، شۇ ۋاقىتلاردا تۇتۇلۇپ قېلىپ جازالىنىش ياكى قولىڭىزنىڭ كېسىلىشىدىن قورقمىغانمىدىڭىز؟» دەپ سوراپتۇ ئايال.

«ياق، مەن ئوغرىلىق قىلغان ۋاقىتلاردا ئەسلا قورقمايتتىم. مېنىڭ بۇ ئىشتا بىر مەخپىي تەدبىرىم بار، مەن شۇ تەدبىرنى ئىشقا سالاتتىم» دەپتۇ سودىگەر تەمكىنلىك بىلەن.

سودىگەر ئايالىنىڭ ئۆز مەخپىيەتلىكى توغرىسىدىكى سوئالىغا جاۋاب بېرىپ يەنە سۆز باشلاپتۇ: «مەن ھەمىشە ئايدىڭ كېچىلەردە ئوغرىلىق قىلاتتىم، ئوغرىلىققا كىرمەكچى بولغان ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ ‹سارى، سارى› (تولۇن ئاي، تولۇن ئاي) دەپ ئىككى قېتىم چاقىراتتىم ۋە ئاي نۇرىغا قۇچاق ئاچاتتىم. ئاي نۇرى مېنى ھويلا ئىچىگە چۈشۈرۈپ قوياتتى. شۇنىڭ بىلەن ئالىدىغان مال - مۈلۈكنى ئوغرىلاپ بولغاندىن كېيىن ئاي نۇرى چۈشكەن جايغا بېرىپ يەنە ئىككى قېتىم ‹سارى، سارى› دەپ چاقىراتتىم ۋە ئاي نۇرىغا قۇچاق ئاچاتتىم. ئۇ مېنى ئۆگزىگە ئاچىقىپ قوياتتى. ئىشلار ئەنە شۇ بويىچە بولاتتى. ئەمدى ئىشنىڭ تېگىگە يەتكەنسىز؟ ئەمدى ئۇخلايلى،

تولا سۆزلەپ بەكمۇ چارچاپ كەتتىم» دەپتۇ سودىگەر سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ.

ئوغرى بىر هازا ساقلاپ، ئۆي ئىچى سۈكۈناتقا چۆمگەندىن كېيىن: «ئۆيدىكىلەر ئۇيقۇغا غەرق بولۇپ كەتتى» دەپ ئويلاپ، ئۆگزىنىڭ لېۋىگە كېلىپ سودىگەردىن ئاڭلىغىنى بويىچە ئىككى قېتىم «سارى، سارى» دەپ چاقىرىپتۇ. ئۇ ئەمدى ئاي نۇرىغا قۇچاق ئاچاي دەپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز تېيىلىپ كېتىپ، ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىن قاتتىق يەرگە چۈپ پۈت - قوللىرى سۇنۇپ كېتىپتۇ.

سودىگەر ئويلىغىنى بويىچە ئوغرىنىڭ پالاكەتكە يولۇققىنىنى هېس قىلىپ هويلىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ ئۇنىڭدىن: «هوي سەن كىم؟» دەپ سوراپتۇ.

ئوغرى هەسرەت بىلەن: «مەن مۇمكىن بولمايدىغان ئىشقا ئىشىنىپ قالغان هاماقەت ئوغرى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.





# ماھىر ئوۋچى

ھېكايە قىلىنىشىچە، ئوۋچىلىقتا ئۆزىنى ماھىر چاغلايدىغان بىر مەغرۇر ئوۋچى ئۆتكەنىكەن. بىر كۈنى ئۇ كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ مەھەللىدىكى ئەڭ ماھىر ئوۋچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلاشقا چىقىپتۇ.






ئۇ كۆڭلىدە: «كەچتە قايتقان چېغىمدا، كىشىلەرگە ئۆزۈمنىڭ ئوۋ ئوۋلاشتىكى ماھارىتىم ھەققىدە سۆزلەپ بەرسەم، ئۇلار بۇنىڭدىن ھەيران قالسا!» دەپ ئويلاپتۇ.


ئوۋچى ئوۋلايدىغان ھايۋانلارنى ئىزدەپ ئورمان، ئېتىزلىقلارنىڭ ئارىسىدا ئۇزۇن يول يۈرۈپتۇ. ھەر قېتىم تۈلكە، توشقانلار ئۇچرىسا، ئوۋچى نىشانغا ياخشى ئالالمىغانلىقى ھەم ئوۋ ئوۋلاپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن، ئوقنى خاتا ئېتىپ قويىدىكەن.





ۋاقىت ئۆتۈۋېرىپتۇ. ئۇۋچى مەھەللىگە قۇرۇق قول قايتىپ، كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قېلىپ، يالغانچىلىقىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قالماسلىقى ۋە يۈزىنىڭ چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئەنسىرەپ، ئازراق بولسىمۇ ئوۋغا ئېرىشىشكە كۆپ ئۇرۇنۇپتۇ.






كەچ كىرگەنسېرى ئۇ ئۇمىدسىزلىنىپ ناھايىتى خىجىل بوپتۇ ۋە ئۆز ـ ئۆزىگە: «شۇنچە كەچتە مەھەللىگە ئۇۋسىز قانداق كىرىمەن. چوقۇم بىر ئامال قىلىشىم كېرەك؟» دەپتۇ.



شۇ ئارىدا ئۇ توشقان كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر دېھقاننى كۆرۈپتۇ ـ دە، كاللىسىغا ئۆزىنى خىجىللىقتىن قۇتقۇزىدىغان بىر ئامال كەپتۇ.

ئۇۋچى دېھقاندىن توشقاننى سېتىۋاپتۇ ۋە ئۇنى ئالدىدىكى دەرەخكە ئارغامچا بىلەن باغلاپ قويۇپ، ئاندىن ئۆزى يىراقتىراق تۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى قۇرۇق قول ئەمەس، بەلكى توشقان ئوۋلاپ كەپتۇ، دېيىشلىرى ئۈچۈن مىلتىقىنى توشقانغا توغرىلاپتۇ.





ئوۋچى ئوقنى توشقانغا قارىتىپ ئاتقانىكەن، ئوق توشقانغا تەگمەي، ئارغامچىغا تېگىپ ئارغامچا ئۈزۈلۈپ، توشقان قېچىپ كېتىپتۇ. ئەمدى تەقدىرگە تەن بەرگەن ئوۋچى كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشۈشىنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ مەھەللىدە بىرەرىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ، ئاستا مېڭىپ ھويلىسىغا كىرىۋاپتۇ.



شۇنىڭدىن بېرى، ئۇ ئوۋچى ئۆزىنىڭ ئوۋ ئوۋلاشتىكى ماھىرلىقى توغرىسىدا سۆزلەشنى تاشلاپتۇ ۋە باشتىن باشلاپ قارىغا ئېلىشنى مەشىق قىلىشقا كىرىشىپتۇ.



# ئەقىللىق ئوغلاق

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، ئاپئاق بىر ئوغلاقچاق ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئەقىل ـ پاراسەتلىك ۋە باتۇر ئىكەن. بىر كۈنى ئۇ ھەمراھلىرى بىلەن يايلاقتا ئوتلاۋېتىپ، دەرەخ ئاستىدا ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆمۈپ كېتىپتۇ.



ئۇ ۋاقىتتىنىڭ بۇنچە تېز ئۆتۈپ كېتىشىنى نەدىنمۇ بىلسۇن؟ ئېسىنى يىغىپ ئەتراپىغا قارىسا ھەمراھلىرىدىن بىرىمۇ يوق تۇرغۇدەك. ئەسلىدە ئۇلار ئوغلاقچاقنىڭ بۇ يەردە قالغانلىقىغا دىققەت قىلماي كېتىپ قالغانىكەن.

ئۇ دەرەخ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ پادىچىنىڭ ياكى پادا ئىتىنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىشىنى ساقلاپتۇ. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ھېچكىم كەلمەي قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. بۇنچە كەچتە ئورمانلىقتا يالغۇز قالغان ئوغلاقنى قورقۇنچ بېسىشقا








باشلاپتۇ. ئوغلاق كېچە قاراڭغۇلۇقىدىن، بىرەر بۆرىنىڭ ئۆزىنىڭ بۇ يەردە يالغۇز قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ قېلىشىدىن قورقۇپتۇ ۋە قورققىنىدىن يىغلىۋەتكىلى تاس قاپتۇ. شۇ ئەسنادا «قورققانغا قوش كۆرۈنەر» دېگەندەك، دەرەخ ئارىسىدىن چوڭ بىر بۆرە چىشلىرىنى ھىڭگايتقىنىچە چىقىپ كەپتۇ.

بۆرە بىچارە ئوغلاقنى كۆرۈپ ئاستا ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپتۇ.



بۆرىنىڭ يوغان كۆزلىرىدىن ياۋۇزلۇق ۋە قانخورلۇق چىقىپ تۇرۇپتۇ. ئوغلاق ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن قورقۇپ تىترەپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، كۆڭلىدىكى قورقۇنچنى يوشۇرۇشقا تىرىشىپتۇ.

ئوغلاق تولىمۇ تەمكىن قىياپەت، كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «ئەي ناتونۇش مەخلۇق، خۇش كەپسەن! مەن يالغۇز قالغان بۇ كېچىدە، تەڭرى سېنى ماڭا ھەمراھ بولۇشقا ئەۋەتكەن ئوخشىمامدۇ؟» دەپتۇ.





بۇ سۆزنى ئاڭلىغان بۆرە: «ھەي ئوغلاقجان، مەندىن قورقمىدىڭمۇ؟ سەن مېنى تونۇمامسەن؟» دەپ سوراپتۇ ھەيرانلىق ئىچىدە.

بۆرە يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «مەن قورسىقى ئاچ باللىرىمغا ئوزۇق ئىزدەپ يۈرەتتىم، مانا ئەمدى ئۇلارغا بىر ۋاخلىق مەززىلىك، كەچلىك تاماق تاپتىم» دەپتۇ.

ئوغلاق بۆرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن: «مېنىڭمۇ كىچىك باللىرىم بار.






ئۇلارنى چاقىرسام، كەچلىك تاماقنى بىللە يېسەك قانداق؟» دەپتۇ ۋە قولىغا نەينى ئېلىپ كۈچىنىڭ بارچە پۇۋلەپتۇ.

نەي ئاۋازىدىن ئورمانلىقتا ئۇخلاۋاتقان ھەممە كىشى ئويغىنىپ كېتىپتۇ. ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ يېتىپ كەتكەن ئوغلىقنى ئىزدەۋاتقان پادىچى نەي ئاۋازىنى ئاڭلاپ دەرھال ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. پادىچىنىڭ باتۇر ئىتمۇ ئىگىسىگە

ھەمراھ بولۇپ ئوغلاقنى قۇتقۇزۇش ئۇچۇن يۇگۇرۇپ كەپتۇ.

ئىت چەبدەسلىك بىلەن بۆرىگە ئېتىلىپتۇ. پادىچىمۇ قاراپ تۇرماي يوغان كالتەك بىلەن بۆرىنىڭ بېشىغا ئۇرۇپ، ئۇنى ئۆلتۇرۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوغلاق ئىگىسى بىلەن بىللە قايتىپ پادىغا قوشۇلۇپتۇ.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن ئوغلاق ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە باتۇرلۇقى بىلەن بۆرىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ قالغانلىقىدىن پەخىرلىنىدىغان بوپتۇ.



# ئوغرى بىلەن سودىگەر

تۈزگۈچى: ئابدۇقادىر تۇرسۇن

پىلانلىغۇچى: ئەمىن كىتابچىلىقى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن ئالىم
مەسئۇل كوررېكتورى: زۆھرەگۈل سىدىق
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: خالمۇرات غۇلام
نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ خەلق سەھىيە نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى بۇلاقبېشى كوچىسى 196 - قورۇ
تور ئادرېسى: http://www.xjpsp.com
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
نەشرى: 2006 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
بېسىلىشى: 2009 - يىل 6 - ئاي 2 - قېتىم بېسىلىشى
فورماتى: 1092×787 م م 1/24 كەسلەم 1 باسما تاۋاق
كىتاب نومۇرى: ISBN 978-7-5372-4561-6
تىرازى: 5000—1
باھاسى: 5.00 يۈەن

تارقىتىش بۆلۈمى تېلېفون نومۇرى: 2823055 (0991) پوچتا نومۇرى: 830001

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى : خالمۇرات غۇلام

ئوغرى بىلەن سودىگەر

ماھىر ئوۋچى

ئەقىللىق ئوغلاق

ISBN 978-7-5372-4561-6

9 787537 245616 >

ISBN 978-7-5372-4561-6

（民文） 定价 ： 5.00 元